هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر: ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于善恶的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-421-3

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122096 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于善恶的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-421-3 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

كىمكى ياخشى نامدا ئۆتسە، ئۇنىڭ بەختى باقىيدۇر. ياخشىلىقتىن ئەل ئارا ياخشى نامى قالغۇسىدۇر.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش، گويا ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىقتۇر.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

كىم ئېغىر كۈنلەردە مەدەت تىلىسە، تىنچ كۈندە ياخشىلىق قىلسۇن.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

ساڭا ھەردەم ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۆمرىدە بىر مەرتە سېنى رەنجىتسە ئەپۇ ئەيلە.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

بىر قوۋمدىن بىر ئادەم يامان ئىش قىلسا، چوڭ ـ كىچىك ھەممىنىڭ قەدرىنى قويماس. بىر كالا ئېكىنگە كىرسە، يېزىدىكى كالىنىڭ بەرىنى بۇلغار.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

www.uyghurkitap.com

جەندە ۋە تەسۋى ساڭا نېمە كارغا كېلەر؟ سەن ئۆزۈڭنى يامان ئىشتىن ھەرچاغ ساقلىغىن.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

بىراۋغا بىر يامان ئادەت سىڭسە، ئۆلگۈچە تېنىدىن چىقماس.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

ئىنسان ھامان باشقىلاردىن ياخشىلىقنى كۈتىدۇ.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

ياخشى نامىڭ تالا ـ تۈزگە تارقالسا، ئىشىكنى كىشى يۈزىگە ياپالمايسەن.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

يامانلارغا رەھىم قىلىش — ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش — كەمبەغەللەرگە جەبىر سېلىشتۇر.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

كىمكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار چېغىدا ياخشىلىق قىلمىسا، يامان كۈنگە قالغاندا جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدۇ.

سەئدى: «گۈلستان» دىن

ياخشىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق بەخت تەرەپكە

يۇزلەنگەندۇر، ياماﻧﻼرنىڭ دۆلىتى بېشىنى تۆۋەنگە قاراتقاندۇر.

سەئدى: «گۇلىستان» دىن

كىمكى يامان ئادەملەر بىلەن ئۇلپەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ، سەئدى: «يامان بىلەن بىر يولدا ماڭغان ئادەم»دېگەن بەتنامغا قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ناماز ئۆتەيمەن دەپ قاۋاق تەرەپكە ماڭسا، كىشىلەر ئۇنى هاراق ئىچكىلى بارىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ.

سەئدى: «گۇلىستان» دىن

ھەرگىز ياخشىلىققا يامانلىق قىلما، ئاڭا زەرەر كەلتۈرمىكىڭ مەردلىك ئەمەس.

سەئدى: «بوستان» دىن

جاھاندىن ياخشىلارمۇ، ياماﻧﻼرمۇ ئۆتىدۇ، خەلق ياخشىلارنى ئەسلەپ ماختايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

زوراۋان يامانلىقتىن قول ئۈزمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئەلدىن لەنەت ـ نەپرەت ياغىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ياخشىلارغا يان بەرمەك پايدىلىق بولسا، يامانغا سۈكۈت قىلىش زىيانلىقتۇر.

سەئدى: «بوستان» دىن

www.uyghurkitap.com

ياخشى كىشى يامانلىققا ماڭمايدۇ. يامان ھەر دائىم يامانلىققا ماڭىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئادەم يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئەلا، ئەمما يىرتقۇچ بولسا يامانلاردىن ئەۋزەلرەك.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئۆمرىنى يامانلىقتا ئۆتكۈزمىسە، بەلكى لەنەتتىن خالاس بو-لالايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئۆلۈكمۇ ئۆز گۆرىدە تىنچ ياتار، ئەگەر ئۇندىن ئەل تىنچلىق تاپقان بولسا.

سەئدى: «بوستان» دىن

ياخشى كۆڭۈل زامان ـ زامانلار ئۆلمەس. يامانلار ئۆلۈپ كەتسە زىيان بولماس.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئەگەر ئىنسان يىراق زاماننى كۆرسە، ھاياتىدا ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. باشاقچىنى ئىتىزلاردىن قوغلىغان، خاماننى زىيان تارتماي ئالالمايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

دوستى يامانغا يامانلىقلار قىلار. ئارپىدىن ھەرگىزمۇ بۇغداي ئۈنۈپ چىقماس.

سەئدى: «بوستان» دىن

بۇ ھاياتتا دوستسىز قالاي دېمىسەڭ، دوستلىرىڭغا ئارقىدىن خەنجەر ئۇرما.

سەئدى: «بوستان» دىن

ساڭا ياۋلىق قىلغانغا شەپقەت قىلساڭ، ئاخىر ئۇمۇ يارانغا ئايلىنىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

يامانلارغا ياخشىلىق قىيىن ئىشتۇر.

سەئدى: «بوستان» دىن

زوراۋانغا شەپقەت قىلساڭ، ئەلگە زۇلۇم، رەھىمسىزلىك بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن



جاھاننىڭ ئوت ئىچىدە كۆيگىنىدىن، ئوت قويغۇچىنىڭ ئۆزى كۆيسە ياخشىراق.

سەئدى: «بوستان» دىن

كىم ئوغرىغا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ ئۆزى ئوغرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياكى قاراقچى.

سەئدى: «بوستان» دىن

كىمكى يامانلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇندا يامانلىق بەتتەر ئەۋج ئالغاي.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئەگەر ئۆزۈڭ مەرد بولساڭ، ئەقلىڭ ھەم بار بولسا، يامانلارغا ھەرگىز ئامانلىق بەرمە.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئەگەر دۇنيادا ئىززەت تاپاي دېسەڭ، ئۆزگىلەرگە يامان كۆزدە باقمىغىن.

سەئدى: «بوستان» دىن

قەدىمكىنى ھامان ياخشىلىققا قوي ، مۇتتەھەم يامان سۆزنى تاپالمىسۇن.

سەئدى: «بوستان» دىن

ياخشىلىقنىڭ قۇياشىدىن نۇر ئالغان كىشى، بىراۋلارنىڭ ئىشىغا قىزىقمايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ياخشىلارنىڭ كەينىدىن ھەرگىز قالما، شۇندا كۆرەر كۆنۈڭ كۆڭۈللۈك بولار.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئادەم بولساڭ پەقەت ياخشىلىق ئىزدە، سېنى تاكى ھايۋاندىن پەرق ئەتسۇن.

سەئدى: «ساھبىيا» دىن

ياخشىلىق ياردىمىنى ياخشىلارغا قىل. ياخشىغا ياخشىلىق قىلىش ياخشى بۇنى بىل.

سەئدى: «مۇخرەدات» دىن

سەمىڭلاردا بولسۇنكى، خىجىل بولۇشنىڭ ئۆزى يامان كۆز-لەردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر.

يامان نىيەتلەر پۈتۈنلەي يوقالغان چاغدا، خىجىل بولۇش قەلبىڭلاردىكى بويۇنتۇرۇق ھەم چۈشەك بولىدىغۇ؟!

شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، زېمىن سىلەرنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتۇڭلار بىلەن سۆيۈشۈشنى خالايدۇ، شامال چېچىڭلارنى ئويناشقا ئامراق.

جىبران: «كىيىم - كېچەك»دىن

دەرھەقىقەتكى، «ياخشىلىق»ئاچ قالغاندا قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن يېمەكلىك ئىزدەشنى خالايدۇ؛ ئۇسساپ كەتكەن چېغىدا توختام سۇ ئىچىشنىمۇ خالايدۇ.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

ئۆزۈڭ بىلەن بىرلەشكەنلىكىڭ «ياخشىلىق»تۇر. ئۆزۈڭ بىلەن بىرلەشمىگەنلىكىڭنىمۇ «يامانلىق» دېگىلى بولمايدۇ.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

www.uyghurkitap.com

ئەپ ئۆتەلمىگەن ئائىلە ئوغرىنىڭ ئۆۋىسى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەپ ئۆتەلمىگەن بىر ئائىلە، خالاس.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

تىرىشىپ - تىرمىشىپ قۇربان بەرگەنلىكىڭنىڭ ئۆزى «ياخشىلىق»تۇر. ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن چارە - ئامال ئىزدىگىنىڭنىڭ «يامانلىق» بولۇشى ناتايىن.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

رولدىن ئايرىلغان بىر كېمە دېڭىزدىكى خادا تاشلار ئارىلىقلىرىدا نىشانسىز ئېقىپ لەيلەپ يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ چۆكۈپ كېتىشى ناتايىن.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

سېنىڭ ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن چارە - ئامال تاپقىنىڭ خۇددى دەرەخ يىلتىزلىرىنىڭ تۇپراقتىن ئوزۇق سۈمۈرگىنىگە ئوخشايدۇ.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

تەبىئىيكى، دەرەخ ئۈستىدىكى مېۋە دەرەخ يىلتىزىغا: «سەنمۇ ماڭا ئوخشاش مەي باغلاپ پىشىپ ، ئۆزۈڭنى كىشىلەرگە تەقدىم قىل » دېسە بولمايدۇ - دە.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

گەپ - سۆز ئارىلىقلىرىدا سەگەك بولغان چاغلىرىڭ سەندىكى «ياخشىلىق» تۇر.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

خاتا كەتكەن سۆزمۇ بەزىدە زەئىپ تىلنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.
جبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

سېنىڭ باتۇرلۇق بىلەن نىشانغا قاراپ ماڭغانلىقىڭ سەندىكى «ياخشىلىق»تۇر. ئەمما، ئاقساپ يۈرۈپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ماڭغىنىڭمۇ «يامانلىق» ئەمەس. چۈنكى، ئاقساق كىشىمۇ كەينىگە ماڭمايدۇ. ئەمما سەن ساغلام تۇرۇقلۇق، ھېسداشلىق قىلىمەن دەپ ئاقساق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاقساپ ماڭما.
جبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

تاشپاقىنىڭ ئەركەك بۆغىدىن يۈگۈرۈشنى ئۆگىنەلمىگەنلىكى ئېچىنارلىق.
جبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

ئۆلۈك ئۇچۇن ئىزدىنىشلىرىڭگە ياخشىلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت. ئەمما بەزىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىزدىنىش ئۆركەشلىك ئېقىنىنىڭ تاغ ـ دالا سىرلىرى ۋە ئورما ناخشىلىرىنى ئېلىپ دېڭىزغا ئۆزىنى ئېتىشىدۇر. يەنە بەزىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىزدىنىش ئەگرى ـ توقاي ئېقىنلاردىكى سۇدەك ئاقسىمۇ، ئاخىر بېرىپ دېڭىزغا قوشۇلىدۇ.
جبران: «ياخشىلىق ۋە يامانلىق»تىن

ھەقىقىي ياخشى ئادەم يالىڭاچ كىشىدىن: «سېنىڭ كىيىمىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەدە؟» دەپ سورىمايدۇ ھەمدە ماكانىسىز كىشىدىن: «سېنىڭ ئۆيۈڭ قانداق؟» دەپمۇ سورىمايدۇ.

جىبران: «ياخشىلىق ۋە ياماnلىق»تىن

ئالدامچىلىق بەزىدە غەلىبە قىلىپمۇ قالىدۇ، لېكىن ئۇ دائىم ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

ياۋۇزلۇق —موھتاجلىقنىڭ لەقىمى ياكى بىر خىل كېسەلدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

بىرى سېنى مەسخىرە قىلسا، سەن ئۇنى كەچۈر؛ ئەمما سەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلساڭ، ئۆزۈڭنى كەچۈرمە.

بىرى سېنى ئازابقا قويسا، سەن ئۇنى ئۇنتۇغىن؛ ئەمما سەن باشقىلارنى ئازابقا قويساڭ، ئۇنى مەڭگۈ ئەستە تۇت.

ماھىيەتتە باشقىلار ئەڭ سەزگۈر ئۆزۈڭدۇر.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم— باشقىلارنى باسمايدىغان ھەم باشقىلارغا بېسىلمايدىغان ئادەمدۇر.



جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن»دىن

مال - مۈلۈكنى بۇلاش جىنايەت، ئەمما كىم روھنى بۇلاشنى ياخشى ئەخلاق دەپ بىلىدۇ؟!

جىبران: —«قەبرىنىڭ زارى»دىن

يامانلىقا يامانلىق بىلەن جاۋاب قىلىش ئۇلۇغ ئىش، بىز بۇنى قانۇن دەيمىز. رەزىللىك بىلەن رەزىللىكنى ئۆلتۈرۈش ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بىز بۇنى ئادالەت دەيمىز. جىنايەت بىلەن جىنايەتنى بويسۇندۇرۇش قالتىس ئىش، بىز بۇنى ھەققانىيەت دەيمىز.

جىبران: «قەبرىنىڭ زارى»دىن

يامانغا يانتاياق بولغاننىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس.

جىبران: «مۇرتەت خىلىل»دىن

ئۆزۈڭگە جىنايەت ئارتىۋالماي دېسەڭ، باشقىلارغا جىنايەت ئارتما.

جىبران: «مۇرتەت خىلىل»دىن

سادىق بىر خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە ئارىلاشمايدۇ.

جىبران: «مۇرتەت خىلىل»دىن

بەختلىك ياشاي دېسىڭىز، باشقىلارنى مەندىن مىننەتدار بولدى ـ بولمىدى، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى ـ قىلمىدى دېگەندەك ئىشلارغا ئېسىلىۋالماڭ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭىزلا ئۆزىڭىزنى خۇش قىلالايسىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

www.uyghurkitap.com

ۋاقتى كەلگەندە ئەسكىلىك ھامان ئۆزىڭىزگە يانىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئېسىڭىزدە تۇتسىڭىز باشقىلارغا ئاچچىقلىنىپ ۋە غەزەپلىنىپ يۈرمەيسىز. باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ، رەنجىتىپ، ئۇلار بىلەن ئۆچەكىشىپ يۈرمەيسىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش بىر خىل مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى ئەھمىيەتلىك ھوزۇرلىنىشتۇر. چۈنكى، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە ۋە تۇرمۇشىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا پايدىلىق.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۆزىنى باش قېتىنچىلىقتىن خالاس قىلىپلا قالماي يەنە دوست تېپىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا لەززەت بەخش ئېتىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

دۇنيادا بىرقانچە ياخشى ئىش قىلغان، ھالبۇكى، باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنمىگەن ئادەمنى تاپماق بەك تەس.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

باشقىلارغا گۈل تۇتقان ئادەمنىڭ قولىدىمۇ گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى قالىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

باشقىلارنى خۇشال قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ خۇش بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر ھەر ئىككى دۇنيانى تىلىمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ چارە-سى قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر ئۆزۈڭ ياخشى بولۇشنى تىلىسەڭ، يۈر، ياخشىلىق قىل، (باشقا) سۆزگە ھاجەت يوق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى مەڭگۈلۈك ياشىمايدۇ، نامى مەڭگۈ (ياشايدۇ)، ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەمەس، (بەلكى) نامىڭ مەڭگۈدۇر، نامىڭ مەڭ-گۈ بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈ بولىسەن.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يىگىتلىك ئۆتۈپ كېتىدۇ، تىرىكلىكمۇ تۈگەيدۇ، سەن بۇ چۈش كەبى دۇنيادىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىسەن. ھاياتىڭنى سەرمايە قىلىپ (ئۇنىڭ) پايدىسى ياخشىلىقتۇر، بۇ ئەتە ـ ئاخىرەتتە ياخشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېگۈلۈك ۋە كىيگۈلۈك بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ھەممىدىن ئاۋۋال ياخشىلىق قىل، ياخشى بول.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تىرىك ئادەم ئاخىر ئۆلگۈسى (ۋە) يەرنى تۆشەك قىلغۇسىدۇر. قارا، كىشى ياخشىلىق بىلەن ئۆلسە، نامى ھايات قالىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئىككى تۈرلۈك نام تىللاردا ياشايدۇ: بىرى ياخشى (نام)، بىرى يامان (نام) دۇنيادا قالىدۇ، يامان — سۆكۈش (ئالىدۇ)، ياخشى— ماختاشقا ئېرىشىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىشى ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ، يامان نام چىد-قارغانلار ئۆلگەندە قارغىش تاپىدۇ.



يۇسۇپ خاس ھاجىپ

يامانلىق بىر ئوتتۇر، ئوت كۆيدۈرىدۇ، يولىدا ئۇتۇشكە بولى-دىغان كېچىك يوقتۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سېخىي دەپ ئاتىلىپ ياخشى نام چىقارغان، سېخىي (ئادەم) ئۆلسە (ئۇنىڭ) نامىنى تىرىك دەپ بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى (كىشىنىڭ) ئىشى دائىم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق نەچچە يىللار ياشىسىمۇ قېرىمايدۇ، يامانلىقنى قانچە پەرۋىش قىلسىمۇ تۈزەلمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانىنىڭ يېشى قىسقا، (ئۇ) پۇشايمان بىلەن قېرىيدۇ، ياخ-شىلىقنىڭ ئۆمرى ئۇزاق، (ئۇ) پۇشايمانسىز يۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى تىلەكنى تاپىدۇ، يامانىنىڭ غېمى كۈندە مىڭلاپ ئاشىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى نام ئەر ئۈچۈن قانچىلىك مۇقەددەس بەخت ـ ھە، بۇنداق ياخشى نام ۋە بەخت مەڭگۈ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارقاتقۇچىسى

ياخشى كىشى خەلقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي دۆلەتمەن، (داۋاملىق) مۇشۇ دۆلىتىڭنىڭ بىلەن تۇراي دېسەڭ، ياخشىلىق قىلىپ تۇرغىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىنىڭ مىجەز ـ قىلىقى پايدىلىق بولىدۇ، خەلققە مەنپەئەتى تېگىدۇ. خەلققە ھەمىشە كۆپ ياخشىلىق قىلىدۇ، كىشىدىن شۆھرەت (تىلىمەيدۇ)، مىننەت قىلمايدۇ. ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەي، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرىدۇ، بۇ پايدىسى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى ھەقىقىي ھالدا ياخشىلىق يولىنى تۇتىدۇ. بىرى ئانىدىن تۇغۇلۇپلا ياخشى بولىدۇ، ئۇ توغرا ۋە دۇرۇس ھايات كەچۈرىدۇ. يەنە بىرى تەقلىد يولى بىلەن ياخشى بولغانلار، ئۇلار يامانغا قېتىلسا، يامانلىق قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى

ئوخشاش يامان ھېسابلىما. بۇلاردىن بىرى تۇغما يامانلاردۇر، بۇنداق كىشى ئۆلمىگۈچە كىرى تازىلانمايدۇ. يەنە بىرى تەقلىد يولى بىلەن يامان بولغانلار، (بۇلارنىڭ) دوستلىرى ياخشى بولسا، ئۇمۇ ياخشى يولغا ماڭىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تۇغما ياخشىدىن دائىم ياخشىلىق كېلىدۇ. جاھان خەلقى ئۇ-نىڭدىن پايدا ئالىدۇ. تۇغما يامان بولسا، ئۇنىڭغا داۋا يوق، ئۇ دۇنيا ئۇچۇن بالا ۋە خەلق ئۈچۈن جۇتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى ئادەت ئاق سۈت بىلەن كىرگەن بولسا، (بۇنداق كىشى) ئۆلگەنگە قەدەر ئۆز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر ياخشىغا بىر يامان يولداش بولسا، ئۇنىڭ قىلمىشلى-رىمۇ يامانىنىڭكىگە ئوخشاش يامان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان ياخشى بىلەن قېتىلىپ يۈرسە، بارلىق ياخشىلىقلارغا (يەتمەك ئۈچۈن) مەشئەلگە ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشى بىلەن يامان يېقىنلىشىش تۈپەيلىدىن يولىنى تونۇيالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار باش كۆتۈرسە، ياخشىلار يوقىلىدۇ، ياخشىلار ھۆكۈمران بولسا، يامانلار (ئارىدىن) كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان ئۇچۇن ئەڭ ياخشى چارە جازا ۋە زىندانىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئىش، ھەممە كىشى چىقالمايدۇ، بۇ ئىشنى قىلىمەن دېمۇ ھەممە ئىنسان قىلالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق دائىم ماختىلىدۇ، يامانلار (بولسا) ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپماقچى بولىدۇ. كىشىلەرگە دائىم يېقىنلىق قىلغۇچى ئەرمۇ ئەگەر يامانلار بولسا، ياخشى ئىش قىلالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار خورلانغانلىقى ۋە كەمسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ياخشى-

لارغا كۈن بەرمەيدۇ، ياراتماي يۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم ياخشىلىقنى خالىسا ياخشىلىق قىلىدۇ، خورلاش ۋە كەمسىتىشلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمكى بۈگۈنكى شادلىقنىلا تىلىسە، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ، كېيىن قايغۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىقنىڭ بۈگۈن ساڭا ھېچ زىيىنى يوقتۇر، بۈگۈن ئىشەنگىنىكى كېيىن ئۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ. يامانلىق بۈگۈن پايدىلىق (تەك) كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ئەتە زىيان كەلتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق ئوڭ بولسا يامانلىق سولدۇر، سولۇڭدا دوزاخ، ئوڭ تەرىپىڭدە جەننەت بار.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار بۈگۈن قانچىلىك ھۇزۇرلانسىمۇ، ئەتىكى كۈندە ئۆكۈنچ بىلەن ئازاب چېكىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com

ياخشى كىشى قانچىلىك خار بولسىمۇ، ئەتە ئۇ يەردە ئۆكۈنـ
مەيدۇ، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاتانغان يامانلار ئاخىرى قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلىق قىلسا، يامانلىقنىڭ جاۋابى ئۆكۈنچ بولىدۇ. قولۇڭـ
دىن كەلسە ياخشىلىق قىل، (ياماندىن) ئۆچ ئال.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەسكىلىك، پەسكەشلىك، جاھىللىقنىڭ ھەممىسى يامانلارـ
نىڭ قىلىق ـ ئادىتىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سېخىيلىق، ئادەمگەرچىلىك، مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق — ئىبـ
نىقكى ياخشى كىشىلەردىن كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى كىشى دوستلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر، ياخشى
ئىش ئىشلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، ئارزۇ، نېمەت، غۇرۇر ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ياخشىلىقنىڭ جاۋابى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دائىم ياخشىلىق قىل، يامانلىقتىن يىراق بول، (شۇ چاغدا) مەيلى ئۆلتۈر، مەيلى تۇر، ساڭا ياخشىلىق كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان يولداشقا يېقىنلاشما، ساڭا زەرەر كەلتۈرىدۇ. يامانلىق يىلاندۇر، دىققەت قىل، سېنى چاقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ ئېسىلى ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ، (ياخشى) ئۇ-رۇقلۇق ئادەم ئالا كۆڭۈل بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىلىپ تۇر، ياخشىلىق قېرى-مايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق قېرىمايدۇ ھەم ئۆچمەيدۇ، يېشى بەكمۇ ئۇزاق،

نامى بۇزۇلماستۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلارمۇ، ياخشىلارمۇ ئۆلسە تۇپراققا ئايلىنىدۇ، (گەرچە) تۇپراققا ئايلانسىمۇ نامى قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان قەيەردە بولسا، يامانلار بىلەن بىللە (بولىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان ياخشى بىلەن يارىشالمايدۇ. تۇز (نەرسە) ئەگرى بىلەن ماسلىشالمايدۇ. قارا تۇن يورۇق كۈندۈزگە يېقىن كېلەلمەيدۇ، يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا مېھمان بولالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پۈتۈن ئىنسان ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ، كىشى ياخشىلىقنى كۆرگەن ئادەمگە قۇل بولىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەركىن ـ ئازاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يامان ماختاشقا ئېرىشسە، بەك ياخشى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى ئادەم خەلقىمۇ ياخشىلىق تىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى كىشىدىن ياخشىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئات ـ ئۇلاغ كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ياخشىلىق ئۇچۇن سۆيۈملۈك جېنىنى بېرىدۇ، بىر ياخشىلىققا جاۋابەن ئون ياخشىلىق قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بارچە ئىنسان ئوغلى ياخشىلىقنى سۆيىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق —خەلققە پايدا يەتكۈزۈش، بۇ پايدا بىلەن خەلقنى ھالاۋەتلىك قىلىش دېمەكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى كىشى خەلققە مېھرىبان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ياخشىلىق ياندۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياشاشنىلا ئارزۇ قىلما، ياخشى نام (قالدۇرۇش) نى ئارزۇ قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سەن ئاخىر ئۆلىسەن، نامىڭ قالىدۇ، نامىڭ ياخشى بولسا، ئۆمرۈڭ شېرىن بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمنىڭ نامى يامانلىق بىلەن بۇزۇلسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن تىرىك تۇرمىغان ياخشىراق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىرىكلىك (سەن ئۇچۇن) سەرمايىدۇر، ياخشى نام (چىقىرىشنى) تىلە. نامىڭنى يامان قىلما، مەڭگۈ ياخشى قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلىق زەھەردۇر، بۇ زەھەرنى يېمە، زەھەر يېگۈچىنىڭ ھاياتى خاراب بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يامانغا قېتىلما، يامان كۆيدۈرىدۇ، نامىڭ ياخشى بولسا ياخ-
شىلىق ئىزى قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلارنىڭمۇ قولى قىسقا بولسا، موھتاجلىققا چۈشۈپ،
خۇي - پەيلى بۇزۇلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى خۇلقلىق كىشى موھتاجلىققا چۈشۈپ قالسا، قىلىق-
لىرى ۋە ياخشى مىجەز - خۇلقىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلارنى خورلىساڭ، يۇرۇش - تۇرۇشنى توغرىلايدۇ. ياخشى-
لارنى ھۆرمەت قىلساڭ، قىلىقلىرى (تېخىمۇ) ياخشى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا، ئۇنىڭ ياخشى نامى
دۇئا بىلەن داۋاملىق يادلىنىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كىم ياخشى دۇئا
بىلەن يادلانسا، ئۇ (قايتىدىن) تۇغۇلۇپ، يەنە بىر ھايات باشلىغاندەك
بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ چېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە ياكى يەرنىڭ ئاستىدا بول، ياخشى نامىڭ مەشھۇر بولسا، (شۆھرىتىنى) ئۆزۈڭ كۆرىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئۆلىدۇ، (ياخشى) نامى قالسا مەڭگۈ ياشايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيانىڭ مال ـ دۇنياسى ھەممىسى قالىدۇ. ئۆزۈڭ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ، ياخشى نامىڭ قالسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر (ياخشىلىققا) ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمنىڭ ئۇرۇقى دادىسىدىن تارتىپ ئېسىل بولسا، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق، ئەلگە پايدا كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەم ئۆلسىمۇ، نامىنىڭ ياخشىلىقى ئۆلمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى نامغا ئىگە بولغان كىشى (ئۆلۈپ) قارا يەر قېتىدا

چىرىپ ياتسىمۇ، ئۇنى تىرىك ھېسابلا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەقىقىي ياخشىلىق چىنلىق ۋە توغرىلىقتۇر، ياخشىلىقنىڭ ئۆزى ھاياتلىقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمكى ياخشىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك ياشىغان بولىدۇ؛ كىمكى يامانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىۋاپا دۇنيا سەندىن يۈز ئۆرىگەندە، ئەسقاتىدىغىنى (قىلغان) ياخشىلىقىڭدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار ئىككىلا دۇنيادا ئۆزىگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي يامانلىق قىلىشتا بۇغرا (تۆگىدەك) يۈرەكلىك ئىنسان، يامانلىق قىلما، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئوغىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم ياخشىلىق قىلسا ياخشى جاۋاب ئالىدۇ، خۇدا چوقۇم ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ، كىم يامانلىق قىلسا ئۆزىگە يامانلىق قىلىدۇ، ئۇ يامانلىقنىڭ جاۋابىمۇ يامانلىق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل، ئۇ سېنى يامانلىق بىلەن پەرياد - نادامەت چەكتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەسەل بىلەن مەي تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئادەم قايسىسىنىڭ ۋەسلىدەك شېرىن، تاتلىق ياكى جۇدالىقتەك ئاچچىقلىقىنى قانداق بىلسۇن؟

ئەلىشىر نەۋائى

ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىق قىلما، ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل، ياخشىلار قاتارىدا بولالمىساڭ، ياخشىلار ئەتراپىدا يۈر.

ئەلىشىر نەۋائى

ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى مۇكاپاتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيانىڭ گۈلشىنىدە ھېچكىم مەڭگۈ قالالمايدۇ. ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ياماندىن ياخشىلىق كۈتۈش — پەس خىيالدۇر، ئىتتىن كېيىككە، مۈشۈكتىن كەپتەرگە شەپقەت يېتىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانلىق.

ئەلىشىر نەۋائى

خەلق كىمدىن قاچسا، ئۇنى ئادەملەرنىڭ يامىنى دېگىن.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆمۈرنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىغا قارا يۇققاندەك، يامانلار بىلەن يۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭ يامانلىقى يۇقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى



يامانلارغا لۇتپى ـ كەرەم — ياخشىلارغا زەرەر ۋە ئەلەمدۇر. مۈشۈككە رىئايە كەپتەرگە ئاپەتتۇر. تۈلكىنىڭ تەربىيىنى تۇتۇش توخۇ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش دېمەكتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

ياخشى ئىشنى تەڭرى قوبۇل كۆرسە، كىشىگە تەۋپىق بېرىدۇ. ياخشى ئىش قىلدىم دەپ كەتمە. كىشىنىڭ پەزىل ۋە كەرەمى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىلمى بىلەن ئەمىلى ھېچنېمە ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

تاش قۇياشنىڭ پەرۋىشىگە ئېرىشسە گۆھەرگە ۋە ياقۇتقا ئايلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

تۇپراقمۇ بۇلۇتتىن سۇ ئىچسە، ھەر خىل يېشىل ياپراقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كېمىگە دەسسىگەن كىشى ھامان سۇغا غەرق بولماي قالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئوتقا ئۆزۈڭ ئىسسىنىۋالغۇچىلىكلا قولۇڭنى ئاچقىن، كۆيدۈرگىدەك ئەلپازدا بولسا، كەينىڭگە قاچقىن.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاي يۈزلۈكلەرنىڭ دىلى قارا بولۇشىغا ھەيران قالما، ئۇنداق-

لارنىڭ تېشى ئاق كۆرۈنگەن بىلەن ئىچى قارا.

ئەلشىر نەۋائى

خاتىرجەملىك ئىزدىسەڭ، ئاۋال تەشۋىشنى يوقات. كىم تەشۋىشلەنسە، ئۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

بىر كىشىگە يىلان زەھەر سالغىنى بىلەن، ئۇ زەھەرنىڭ ئۆزى يىلاننىڭ ئۆلۈشىگىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئەلگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلالمىساڭ، ياخشى گەپ - سۆز، ياخشى ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭ بىلەن بولسىمۇ ئەلنى خۇش قىلغىن. بۇغداي ئېشىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن.

ئەلشىر نەۋائى

ئەگەر سەن ھەقىقىي ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمى بىلەن كارى بولمايدىغانلارنى ئادەم دېمە.

ئەلشىر نەۋائى

خەلققە دائىم زىيان يەتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولغان كىشى، ئەمەلىيەتتە خەلققە ئەمەس، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەر ئۈچۈن، خەلقنىڭ ۋە دانىشمەنلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۆمرىنى سەرپ ئۆتكۈچىلەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشتىن ھەرگىزمۇ باش تارتمىغىن، گەرچە ئالەم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، بېشىڭغا تاغ يىقىلىپ، باش - كۆزۈڭ زەخىملەنسىمۇ، ئۇنىڭدىن قالغان ئىز - تاتۇقلار سېنىڭ بەختىلىك ئىكەنلىكىڭدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلساڭ بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلگە ياخشىلىق قىلغان ياكى يامانلىق قىلغان كىشىنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز لايىقىدا مۇكاپات ئالمىغىنى يوق. چۈنكى، ھەركىم تېرىغان زىرائىتىنىڭ ھوسۇلىنى ئۆزى ئالىدۇ ۋە يەرگە تىكەن تېرىسا تىكەن، گۈل تېرىسا گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

قەغەزگە مۆھۈر باسقان كىشى قانداق شەكىلدە باسقان بولسا، مۆھۈر قەغەزدىمۇ خۇددى شۇ يوسۇندا كۆرۈنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

بىرەر كىشى ئەگەر ئۆزىنى ھەقىقىي ئادەم دەپ ھېسابلايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنى ئەڭ ئاددىي ۋە تۆۋەن ئورۇندا قويۇشى، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆككە كۆتۈرمەسلىكى ۋە باشقىلار قىلغان ياخشى ئىشنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلمىۋالماسلىقى كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

دېھقانىنىڭ كەسپى ئاشلىق تېرىپ، ئەلگە ساخاۋەتلىك قوللىرى بىلەن نان بېرىشتۇر. بىرەر كىشى نەسلى ۋە مەرتىۋىسى جەھەتتە دېھقاندىن كۆپ ئۈستۈن بولۇپ، دېھقاندىكى بۇ خىل خىسلەتلەر بولمىسا، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە نېمە پايدىسى بولسۇن؟

ئەلىشىر نەۋائى

بىھېساب مال - دۇنيايىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەلگە قىلچە پايدىسى بولمىسا، ئۇنداق گۆھەردىن تىكەن ياخشىراق.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر شاھلارنىڭ شاھى بولاي دېسەڭ، ئاجىز پۇقرالارغا يار - يۆلەك بول.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشى بىراۋنىڭ كۆڭلىگە داغ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىغۋا تېرىپ دائىم ئوت ئاچىدىكەن، شۇ ئوتتا ئۆزىمۇ كۆيۈپ تۈگەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، ئورۇنسىز يەر بولسىمۇ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا، ھەرگىز زايا بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق، ئۇلپەت بولماق چوڭ سائادەتلىك ئىشتۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۇچۇن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك، ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولالمايدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

بەختكە ئېرىششكە مەنپەئەتلىك بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق، بەختكە مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ توسقۇنلۇق بولىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى مۇتلەق يامانلىقتۇر.

ئەبۇ نەسر فارابى



پەلەك زۇلۇم قىلىشقا قانچە تېز بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشمۇ شۇنچە تېزدۇر. ئەگەر بىراۋغا بىراۋدىن ئاپەت يەتسە، ئۇنىڭغا بېرىدىغان جازاسىمۇ قاتتىقراقتۇر، ئەگەر بىراۋ جاپا بىلەن بىر رىشتىنى ئۈزسە، شۇ رىشتىنىڭ ناھايىتى تېز ئەجدىھا بولۇپ

يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەك. بىراۋ بىر ئۈچقۇننى يوشۇرسا، چاقماق ئۇنى ئاخىر بىر كۈلگە ئايلاندۇرىدۇ، دەۋران قىساس ئېلىشتا ناھايىتى ئەپچىلدۇر، دەۋرانلا ئەمەس، توققۇز ئاسمانمۇ شۇنداقتۇر، شۇنداق بولغانىكەن، بىر ـ زۇلۇمدىن قولىنى تارتىپ مېھىر ـ ۋاپا ئۇرۇقىنى تېرىش ياخشىراق. سەن يەرگە قانداق ئۇرۇق چاچساڭ، جەزمەن شۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھوسۇلىدىن قاچالمىغانىكەن، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چېچىش لازىم.

موللا سىدىق يەركەندى

ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىشتۇر؛ بىرىنچى، ئىلىم ئۆگەنمەك؛ ئىككىنچى، نەپسىنى يىغماق؛ ئۈچىنچى، ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق؛ تۆتىنچى، راست سۆزلىمەك؛ بەشىنچى، خالىس ۋە ئادىل بولماق؛ ئالتىنچى، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولماق؛ يەتتىنچى، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمەك؛ سەككىزىنچى، ھايالىق بولماق.

مۇھەممەد سىدىق بەرشدى



قىلغان ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىش ياخشىلىقنى يوققا چىقىرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا ـ قولۇملارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلە، ئۇلاردىن سوۋغا ئالساڭ، تېخىمۇ قىممەتلىكرەك سوۋغا تەييارلا.

مەھمۇد قەشقەرى

كىمكى مەردلىك ۋە ياخشىلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۇ خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

بىر كىشىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىسەن، چۈنكى قىلغان ياخشىلىقىڭدىن ئۇ كىشى قانچە خۇشال بولغان بولسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ شۇنچە خۇشلۇق، راھەت سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ، بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، يالغۇز ئۇ كىشىدىلا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ بىئاراملىق، غەشلىك پەيدا بولىدۇ، ئۆزۈڭ خۇشال بولماي تۇرۇپ، كىشىنى خۇشال قىلالمايسەن، ئۆزۈڭ رەنجىمەي تۇرۇپ، كىشىنى رەنجىتەلمەيسەن، قولۇڭدىن كەلسىلا باشقىلارغا ياخشىلىق قىل، تىلى باشقا، دىلى باشقا بولمىغىن.

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى



ياخشى ۋە يامان ئادەمدىن جاھان خالىي ئەمەس، لېكىن، يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ، ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار يوشۇرۇن بولىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

دۇنيانىڭ گۈلشىنىدە ھېچكىم مەڭگۈ قالالمايدۇ، ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

ئەلشىر نەۋائى

ئامانلىقنى ئىزدىسەڭ، خەلقى ئالەمگە كۆپرەك ياخشىلىق قىلغىن.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

يامان ئىش قىلىش، بېخىللىق، ئۇنتۇغاقلىق ۋە يالغان سۆزلەشتىن شەرمى ھايا قىلغىن. ياخشى ئىش، ياخشى سۆزلەشتىن ھەرگىز نومۇس قىلمىغىن، ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئىپتىداسى نومۇس، شەرمى - ھايادۇر، يامانلىقنىڭ ئىپتىداسى نومۇسسىزلىقتۇر.

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

جاھان ھادىسىلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى كۆپ خىل ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلەر بولىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

ياخشى ئىشلارغا ئېغىرلىق قىلمىغىن، يامان ئىشلارغا يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىكلىك قىلمىغىن.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ياخشىنىڭ ياماندىن ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىدە، يامانلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلسا، ئاندىن ياخشى بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىززەت تاپىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

دۇنيادا خەيرلىك ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە ئەرزىيدۇ. شۇڭا، ناۋادا سەن تەسەللىگە موھتاج بولساڭ، باشقىلارغا تەسەللى بەر؛ قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆككەن چاغلىرىڭدا باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇر ياكى ئۆزۈڭنىڭ تورمۇشىدىكى لەززەتتىن ئۇلارنىمۇ بەھرىمەن قىلغىن. مۇشۇنداق ياخشىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ياخشىلىق قىلىشتىن مەقسەت — باشقىلارغا ھىممەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇشاللىق ۋە بەختىدىن باشقىلارنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، شاد ۋە بەختىيارلارنى كۆپەيتىش.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ياخشى ئادەملەرگە ياردەم قىلىش ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت، بۇزۇق، ئەسكى ئادەملەرگە ياردەم قىلىش يامانغا يانتاياق بولغانلىق، ئۆزىڭىزگە خەۋپ يېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئادەم باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، ھامان بىر كۈنى باشقىلارمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. باشقىلارنى بوزەك قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ، شۇنداق بىر كۈن ھامان كېلىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

باشقىلارغا يادەم قىلغانلىق، ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىق. باشقىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەنلىك ئۆزىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەنلىكتۇر. باشقىلارغا ھەمكارلىشىپ ئاراملىق بەرگەنلىك ئۆزىگە ئاراملىق بەرگەنلىك. پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىردەملىك ئاراملىققا ئېرىشكەن بىلەن، جاپا تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزى بولىدۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئۆزۈڭگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلارغا ياردەم قىلما. مەيلى ئۇ كىچىككىنە ياردەم بولسىمۇ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر» دىن

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھەممە ئادەمگە ياردەم قىلىشى ھاجەتسىز. بۇزۇقلارغا ياردەم قىلغانلىق ئۇلار بىلەن بىرگە يامان ئىش قىلغانلىق، ئۆزىگە بالا تاپقانلىق بىلەن باراۋەر.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلەر» دىن

ياخشى ئىش قىلغاندا، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئىنسان تەبىئىتىدە ھەم ياخشىلىققا قارىتا، ھەم يامانلىققا قارىتا تۇغما مايىللىق بولىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئادەمنىڭ يامىنى ماراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالتۇن يەردە قالماس،
ياخشىلىق يولدا (قالماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالىم جاپاغا جۇپ، ۋاپاغا تاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتنىڭ يامىنى تەپكەك،

ئادەمنىڭ يامىنى سەكسەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىينىڭ يورۇقى بار،
گۇناھنىڭ سورىقى (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
ھارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئابدال ئامانلىقنى تىلەر،
موللا يامانلىقنى (تىلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئابدالغا كەپسەن بەرسە، تارازىڭ راستمۇ دەپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ قۇش ئىگىسىنى ئالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالتۇنغا توپا قونماس،
ياخشىلىق ھېچ ئۇنتۇلماس.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالەمگە پاتمىغان گۆرگە پاتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئارپىلىققا سامانلىق،

ياخشىلىققا يامانلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەسكىنىڭ جاجىسى جازا،
شەيخنىڭ جاجىسى مازار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەرلىك كۆرسەتكەننى ئەل ئۇنتۇماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەسكىلىككە دەسمايە كەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەسكىدىن خۇدامۇ قورقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەگرى ئازىدۇ،
توغرا ئۇزىدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ
بازاردا چىققان نەرخى بار،
ياخشى بىلەن يامانىنىڭ
يەر بىلەن ئاسمان پەرقى بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بەتنىيەتنىڭ يولى تار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس،
بىر يامانلىق (ئۇنتۇلماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بېشىغا قازان ئېسىپ، ئاستىدىن ئوت يېقىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تاغدەك ئالتۇن بىر ياخشىلىققا ئەرزىمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا چىچىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تىكەندىن تېرىق ئۇنىدۇ دېمە،
ياماندىن ياخشىلىق كۆرىمەن (دېمە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۆھمەتخور تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

توڭگۇز تېرىقنى تۇگىتىپ ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تىكەنگە تىل تەگمەس،
يامانغا كۆز (تەگمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۇرغانغا تۇۋرۇك بول،
ماڭغانغا كۆۋرۈك (بول).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

جاي بەرگەنگە جان بەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چاپار ئاتتىن چاڭ قالار،
ياخشىلاردىن داڭق (قالار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چۈجىنىڭ شۈملۈقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خەققە سانىساڭ ئۆزگە،
قاشقا سانىساڭ كۆزگە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خەلق ياخشىنى ئەسلەر،
يامانىنىڭ بېشىغا دەسسەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولساڭ،
بەندە ئالدىدا سازايى بولىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دوستۇڭ ھاراقكەش بولسا، يېپىشىڭ مۇشت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

دىلى قىيىقنى ئىت تونۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

رەھمى يوق ئادەمدىن رەھىمدىل ئىت ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

رەھىم قىلساڭ ھايۋانغا، تېزەكلەيدۇ ئايۋانغا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ساۋابىنىڭ كۆتىگە ئۇي مۈڭگۈزى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سەھەردە ھۈۋلىغان ئىتتىن قورق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سۇنىڭ قەدرى ئۇسسۇغاندا بىلىنەر،
ياخشىنىڭ قەدرى ئايرىلغاندا (بىلىنەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سېسىق گۆشنى چىۋىن تاپار،
يامان ئىشنى يامان (تاپار).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

غەيۋەتنىڭ ياخشىسى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،

www.uyghurkitap.com

بەغەرەزدىن مەرەز (تۇغۇلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

غالجىر خۇدانى بىلمەس،

ئىت ھارامنى (بىلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر،

نىيىتى يامان ئەيىبتە (ئۆلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارا نىيەت قان ئىچەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قوينى قۇربانلىققا ياراتقان،

ئادەمنى توغرىلىققا (ياراتقان).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىلىغۇچىغا قاراڭغۇ، كۆرگۈچىگە يورۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىرى قۇلان تىرىسى قىيىش بولار، كۆن بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئاتا بالىسى غىرىب بولار، قۇل بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كەپتەر ئاسماندا پەرۋاز قىلسا،
مۈشۈك يەردە قانات ئىزدەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كېچەشسەڭ مەرد بىلەن كېچەش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىگە يامانلىق قىلىمەن دېگەن ئۆزىگە قىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
تاپالمايسەن ئامانلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆڭۈلنىڭ ئالاسى — خۇدانىڭ بالاسى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئوغرى — مەككار ھۈنەرۋەندىن ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

گاسنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغان بىلەن كۆزى بار،
ياخشىنىڭ ئۆزى بولمىغان بىلەن يۈزى (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۈل تەرگىنى گۈل ئالۇر،
تىكەن تەرگىنى پۇشايمانغا قالۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

لالما ئىتنىڭ ئۆلۈكى چۆلدە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

لاچىن ياتقاننى ئالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مەرد تۇغۇلغان مەرد ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مۇلايىملىقتىن بەخت كېلەر،
مەردانىلىكتىن تەخت (كېلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نامەردنىڭ ھىيلىسى تولا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نامەرد بىلەن قۇيماق يېسەڭ قۇستۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نومۇس يوق يەردە ياخشىلىق يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نىيىتىڭ يامان بولسا، بېشىڭ ئامان بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نىيىتى يامانىنىڭ رەڭگى يىلاندەك سوغۇق،

دىلى پاكنىڭ چىرايى گۈلدەك ئوچۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نىيىتى ياماننىڭ قازىنى تۆشۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھايۋان بالىسىنى باقساڭ،
ئاغزى ـ بۇرنۇڭ ماي بولۇر.
ئادەم بالىسىنى باقساڭ
ئاغزى ـ بۇرنۇڭ قان بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھايۋاننىڭ يامىنى قېچىر،
ئادەمنىڭ يامىنى چېقىر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئورنى كىم كولىسا شۇ چۈشەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوتنىڭ ئەسكىسى بۇدۇشقاق،
دوستنىڭ ئەسكىسى ئۇرۇشقاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئويلىمىغان يەردىن يىلان چىقتى،
كۈتمىگەن يەردىن چاپان (چىقتى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۇدۇم قىلساڭ ئۆلارسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۆزى ئۇندەكتە،
كۆزى خۇندەكتە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئېشىنى يەپ تاۋىقىنى چېقىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئېشەككە مۇنازا قىلساڭ، ئوقۇرغا چىچار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئېشەككە مۈڭگۈز چىقسا ئۇسۇپ ئۆلتۈرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئېگىز تاغدا قار بولۇر،
مەرد يىگىتتە ئار (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئىتتىن قالغان سۆنى ئارسلان ئىچمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىتقا نان بەرسە قولنى چىشلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىتنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسا، كۆكتىن سۆڭەك ياغار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ يېنىدىن ئۆتەر،
ياخشىنىڭ جېنىدىن (ئۆتەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان كىشى قىلغاننى بىلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىدىن جاپا كەلمەس،
ياماندىن ۋاپا (كەلمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



يامانلىق ئېيتمىغۇچە ياخشىلىق يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ سۆزى،
يامانىنىڭ كۆزى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

يامان بولساڭ سامان بولسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىغا مەشۇت يېپىشار،
يامانغا نەشە (يېپىشار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان ئۆكۈزگە مۈڭگۈز بەرسە ئۇسۇپ ئۆلتۈرەر،
يامان ئادەمگە مال بەرسە ئۇرۇپ (ئۆلتۈرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يازۇتقا يول يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئىشقا ئالقىش ياغار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان قالار ئۇياتقا
ياخشى يېتەر مۇرادقا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانلىق قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى كۆڭۈل يەردە قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ ئىشىنى تېتىپ يە،
يامانىنىڭ ئىشىنى بېسىپ (يە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىق كۆكلەر، قۇرۇماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامان ئېشەكنىڭ دۇمبىسى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامان ئاتنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تاراقلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئىشنىڭ ئەتە كېچىسى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ گېپى ماي،
يامانىنىڭ گېپى لاي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئات غىلتاڭ يەردىمۇ توختار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىق تۆرگە باشلار،
يامانلىق گۆرگە (باشلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامانغا ئۆزۈڭ يىغلىساڭمۇ كۆڭلۈڭ يىغلىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆرە قىل،
يامانىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ پۆرە (قىل).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامانىدىن يەر قورقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ غەيۋىتى تۈگىمەس،

ياخشىنىڭ سۆيتى (تۈگىمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ چوققىسىغا پادا چىقسا، تاپىنىدىن يېرىڭ ئاقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانلىق ئاشماس ئۆزىدىن،

ياش ئالىدۇ كۆزىدىن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى دوست سەپەردە بىلىنەر،

ياخشى قىز سەھەردە يۈزلىنەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىق يېنىپ تۇرغان چىراغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى كىشى يامانلاشسا،

بىرەر نەرسىسىنى تاپالماس،

يامان كىشى يامانلاشسا،

ئالار نەرسىسىنى تاپالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنى ياخشى دېسەڭ ئۇيىلار،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يامانني ياخشى دېسەڭ ماختىنار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ بەرگىنى تىرناقچە،
يامانىنىڭ بەرگىنى ئوراقچە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامانغا ياغ ياراشماس، زاغىرا نان ئوبدان بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئىشنىڭ خۇش خەۋىرى بولار،
يامان ئىشنىڭ شۇم خەۋىرى (بولار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياماندىن ئاشقىنى يېرىم قوشۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ توقمىقى يېنىدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

يامانلىقتىن ئامانلىق تىلىمە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر تار يەردە،
يامانىنىڭ يامانلىقى تېگەر ھەر يەردە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىق كۆرۈنمەس،
يامانلىق كۆمۈلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياخشى ئات يۈرۈشىدىن پۇل بولار،
يامان ئادەم يۈرۈشىدىن قۇل (بولار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ يامانلىقى بار،
كىشى بىلمەس ھىيلىسى (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ ئالقىشىدىن ياخشىنىڭ قارغىشى ئۇلۇغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياشلىقىدا ياخشىلىق قىلمىغان قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىققا يامانلىق قىلساڭ ئامىتىڭ قاچار،
يامانلىققا ياخشىلىق قىلساڭ ھۆرمىتىڭ ئاشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى كەلسە قوت قاپلار،
يامان كەلسە جوت (قاپلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانغا گەپ قىلساڭ ھار ئالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئادەم قېرىسا، پۇتۇپ قويغان خەتكە ئوخشار،
يامان ئادەم قېرىسا، بېسىپ ياتقان ئەتكە ئوخشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىق بىلەن يۈرسەڭ ئېچىلار چېچىكىڭ،
يامان بىلەن يۈرسەڭ يېرىلار يۈرىكىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىنىڭ يېغى يۇقار،
يامانىنىڭ دېغى (يۇقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانىنىڭ يولى قۇرۇق،
ياخشىنىڭ يولى ئۇلۇغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان تۈلكە قاپقانغا يۈگۈرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئادەم شادلىنار،
يامان ئادەم دادلىنار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئوغۇل ئەلنىڭ غېمىنى يەر،
يامان ئوغۇل ئەلنىڭ مېلىنى (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ياخشىنى ماختىساڭ يارىشار،
ياماننى ماختىساڭ ئادىشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان كەتسە داغ قالار،
ياخشى كەتسە باغ (قالار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان نىيەت يورۇقفا چىقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىدىن يامان چىقۇر،
ياماندىن ياخشى (چىقۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياماندىن يەر قورقار،
تەلۋىدىن تەن (قورقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانغا ياغ ياراشماس،
ھايۋانغا باغ (ياراشماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىقتىن ئۇرۇق چاچ،
يامانلىقتىن يىراق قاچ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامانغا يولۇقمىغۇچە، ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلىق يەردە قالماس،
يامانلىق ئەلدە (قالماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا (ئورتاق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياماننى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياماننىڭ ھەممىسى بۇزۇق بولماس،
ياخشىنىڭ ھەممىسى تۈزۈك (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان ئىشەك ئىگىسىنى يىقىتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان ئاتاق بىلەن ياشىغۇچە، ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان بولماق بىردەملىك،
ياخشى بولماق ئۆمۈرلۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياماندىن قاراۋۇل قويسا، ئوغرى يەتتە بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياماننىڭ ئاتقىنى تەگمەس،

ئېيتقىنى كەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياماننى يامان دېسەڭ — ياۋ،

ياخشىنى ياخشى دېسەڭ — ياغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يولۋاس ئۆلسىمۇ تېرىسى ئون يىل تاراقلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يولدىشىڭ ياخشى بولسا سۇ ئىچىپ توق كېلەرسەن،

يولدىشىڭ يامان بولسا پولۇ يەپ ئاچ (كېلەرسەن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يېتىمنىڭ كۆڭلىنى ئالغان—

خۇدانىڭ ئۆيىنى ئالغان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يىگىتنىڭ يىگىتى تاشنى ئېزىپ ياغ چىقىرار،

كۆڭۈلنى ئېرىتىپ داغ (چىقىرار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن!
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن!
ئۆزى ئالماي، يامبۇ ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشىسۇن!

سۇغارغاندەك سايە بەرگەن چىنارنى،
ئاتا ئەجرىن تۆلىگەنلەر ياشىسۇن!
ئېتى ھارسا ئانا چۈشكەن ھارۋىنىڭ،
ئۆزى ئات بوپ سۆرىگەنلەر ياشىسۇن!

چاۋاك چالماڭ، بىزدەك شائىر تۈمەن مىڭ
ئادالەتنى كۈيلىگەنلەر ياشىسۇن!
قايدا يېتىپ، قايدا قوپسا، ۋەتەندىن،
ئۆزگە خىيال سۈرمىگەنلەر ياشىسۇن!

ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن!
يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ،
ئوچىقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالدىن كەتكەن غېرىبلارنىڭ بېشىدا،
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشىسۇن!
پەرىشتىدىن شەيتان تولا بەزىدە،
ئېزىتقۇغا كۆنمىگەنلەر ياشىسۇن!

سىنىقىدا تۈمەن تۈرلۈك سۆيگۈنىڭ،
ئاۋۋال پۇلنى سۆيمىگەنلەر ياشىسۇن!
مال - دۇنيانىڭ پىراقىدا كۇل بولۇپ،
شۇ ئوت - چوغدا كۆيمىگەنلەر ياشىسۇن!

تەزىم قىلغىن بىلگەنلەرگە قەدىرىگىنى،
ئەگىكىگىنى كۆمىگەنلەر ياشىسۇن!
ئۇنتۇلمىسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر،
ئۇمىدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن!

مۇھەممەتجان راشىدىن: «ھايات دېگەن مانا شۇ» دىن



ياخشىلىق كۆزلىگۈچى بوينىغا زىنھار،
قىلىچ تارتما، بولسىمۇ ئۇ گۇناھكار!

نىزامىي گەنجەۋى

ياخشىغا قوشۇلغان كىشىلەر ياخشىلىقسىرى يۈزلىنۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئالىم، پازىل، دانا ۋە بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بول، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى كىشىنىڭ كۆڭۈل كۆزگۈ-سىدىن ھېرىس، تەمە ۋە بېخىللىق چاڭلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

نەزم:

ساپ دىللىق، خۇشخۇلقلىق بولار ھەممىسى،
بىلگىنكى، ئەدەپنىڭ بەرگەن مېۋىسى!

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

لوقمان ھەكىم ئۆز ئوغلىغا دېدى: —ھەي ئوغلۇم، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنى ئۆمۈرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ئېسىڭدىن چىقارما! ئەمما قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى كۆز ئالدىڭدىن نېرى قىل!

مۇھەممەد زېھنىي

قولۇڭدىن ياخشىلىق كەلمىسە، يامانلىق قىلىشتىن بولسىمۇ قاچ! ئەگەر، ئاغزىڭدىن ياخشى سۆز چىقمىسا، ھېچبول-مىغاندا تىلىڭنى بوھتان ۋە غەيۋەت بىلەن بۇلغاشتىن ساقلا!

بېيىت:

بىراۋغا ياخشى سۆز قىلالمىساڭ گەر،
ھېچبولمىسا زەھەر قوشما سۆزۈڭگە!



مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ئادەملەرنىڭ ياخشىراقى ئۆز كۆڭلىدە ياخشىلىققا يول ئاچ-

چىقنى ۋە يامانلىقنى ھەمدە ئاچ كۆزلۈكنى ھەيدەپ چىقارغۇچىدۇر.

مۇھەممەد زىبھىي

ئەبلەخنى كۆرگىنىكى، تالىشىپ بىر سەك

ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قىلىشىدۇ جەڭ.

نىزامىي گەنجەۋى

ياخشى ئىشلار دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسلىرى شۇنداق كىشىلەردۇركى، ياخشى ئىشلار جەۋھىرىنى ھۆسن خۇلق رىشتىسىگە تىزىپ، شېرىن سۆزلۈك شېكىرىنى ئاغىنە ـ ئاشنالىرىدىن ئايىماس ۋە خۇددى ئابىھايات كەبى ھەممە مىجەز ـ خۇلقلىرىغا تىنچلىق ۋە ھالاۋەت بەخش ئېتەر. قوپاللىق ۋە سوغۇق تەلەتلىك نەشتىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ راھەت سىنەسىنى مەجرۇھ قىلماس. فەرد:

ئەگەر، بىر دىلنى ئاغرىتساڭ سېنى ھەم ئاغرىتۇر كىم دۇر،

كى بىر ئېغىز سۆزنىڭ تىغى يۈز شەمشەردىن ئۆتكۈر ئېرۇر.

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد



ھەكىملەر ئېيتۇرلەر: «ياخشىلىقنىڭ ئاساسى ئۈچ نەرسىدە: بىرىنچى، ھەممە كىشىگە رىياسىز كەمتەرلىكتە؛ ئىككىنچى، مىننەتسىز ساخاۋەتتە؛ ئۈچىنچى، ھەق تەلەپ قىلىنمايدىغان خىزمەتتە. ئادەملەر تۆت نەرسىنى ئىزلىمەسلىككە ئامالسىزدۇر: بىرىنچى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئاجرىتىشقا ياردەم بېرىدىغان

ئىلىمنى؛ ئىككىنچى، تىرىكچىلىك قىلىشقا لازىم بولىدىغان ئەسۋاب ـ جابدۇقلارنى؛ ئۈچىنچى، كەيپىياتنى ياخشى تۇتىدىغان ۋاستىلەرنى؛ تۆتىنچى، ئادەملەر بىلەن مۇرەسسەنى».

بۇقرات ھەكىم ئېيتقانىدى: «تولىمۇ تاتلىق بولمىغىنكى، يەۋەتمىسۇن، تولىمۇ ئاچچىق بولمىغىنكى، تۇكۇرۇپ تاشلىمىسۇن».

ئەبۇبەرەكات قادىرى

كۆپچىلىك بىرەر كىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارمىغۇچە، ئۇنى ياخشى، يامان دېيىشتىن تىلىڭنى تىزگىنلە.

ئىنسان ئەگەر قۇلۇپلانغان ساندۇق بولسا، ئۇنى پەقەت تەجرىبە ئەھلىلا ئاچالايدۇ.

مەيىن شامال گۈلزارنى ئىچىدىن ئۆتسە گۈل ھىدىنى، سېسىق يەردىن ئۆتسە بەتبۇي ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن



جالىنۇس ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىكەن:

«ياخشى ئادەم دۇنيانى تەرك ئەتسىمۇ، ئۇ تىرىك سانىلىدۇ، يامان ئادەم تىرىك بولسىمۇ، بەربىر ئۆلۈكلەر قاتارىدا بولىدۇ».

مۇھەممەد زېھنىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق ئادرېسى

ياخشىلىق يولىدا قىلىنغان ئەمگەك يەردە قالماس.

ياخشى ئادەم ئۆزىنىمۇ رەنجىتمەيدۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ خاپا قىلمايدۇ.

تارىخ ياخشىنىمۇ يازىدۇ، ياماننى ھەم.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولماق ئالىي دەرىجىگە يەتمەكتۇر: بىرىنچى: ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى كەچۈرمەك؛ ئىككىنچى، ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىنى يامانلاپ يۈرۈشتىن ساقلانماق؛ ئۈچىنچى، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلماق؛ بېيىت:

مېھرىسىز، گىنەچى دۈشمەن دىلىنى،
تولدۇرۇشۇڭ مۇمكىندۇر ئېھترامغا.
ئوۋچىنى كۆرگىلۇ، ئىبرەت ئال ئۇندىن،
دادە بىلەن قۇشلارنى چۈشۈرەر دامغا!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ياخشىلىقى يوق ئادەم يالغۇزلۇقتا جان بېرىدۇر.

سەن يېمىسەڭمۇ، ئەۋلادىڭ يېسۇن!
ئۆتكەنلەر رەخمەت يېگەن بۇ باغدىن،
مېۋە يەر كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز!

ياخشىلىق يامانلىقنى كۆيدۈرگۈچى ئوت.
ياخشى بىلەن دوست بولغان يامانلاردىن قۇتۇلۇر.
«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەكىملەردىن بەزىسى شۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك سېنى يامان دېسە، دېمەك يامانسەن، ئەگەر ياخشى دېسە، دېمەك ياخشىسەن».
مۇھەممەد زېھنى

بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ياخشىلىقىڭنى ئېيتىپ، ئۇنى كەمسىتمە، بىر كىمگە ئىچۇرگەن - يېدۈرگىنىڭنى مىننەت قىلىپ، زەھەرگە ئايلاندۇرما!
بىر نەرسىنى كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىق ياخشىلىق ھې-سابلانماس، بەلكى ئۇ مۇنداقلا ئالدى - بەردىدىن ئىبارەت. خالاس.
كىشىلەرگە خەير - ئېھسان قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ پەزىلەت، بىراق، بۇ خەير - ئېھسان غەرەزسىز بولسا تېخىمۇ ياخشى!
مۇرۇۋۋەت مەيدانىنىڭ پەھلىۋانى بولاي دېسەڭ، غەرەز بىلەن ئىش قىلىپ، ئورنىغا بىر كىمدىن پايدا ئېلىشنى ئويلىما!
ئەبدىبەك شىرازى



دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىنمۇ ئۇزاقراق ياشايدىغان نەرسە يوق.
ئىنسان —ياخشىلىقنىڭ قۇلى.

ياخشىلىقى كۆپ كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

ئادەملەرنى دۆلىتىڭ زىيادە ۋە ئىشىڭ يۇرۇشۇپ تۇرغاندا ئە-مەس، بەلكى بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ۋە كەمبەغەللىك چېغىدا سىنا، شۇنىڭدىلا ئۇلارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلە-لەيسەن.

قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، ياخشىلىقنىڭ پايدا بەرسە ياخشى، پايدا بەرمىسە، سەن ئۆز بۇرچۇڭنى بېجىرمىگەن بولىسەن.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

قانچە چوڭ ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ئۇنى شۇنچە كىچىك بىل!

بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقىڭنى يوشۇر، بىراۋنىڭ ساڭا قىل-غان ياخشىلىقىنى ئەل ئارىسىغا ياي!

ئەبدىبەك شېرازىي



لوقمان ھەكىم ئېيتىدۇ:

«يامانلىق ئوتىنى يامانلىق ئۆچۈرىدۇ» دېگەن ئادەملەر بىكار ئېيتىدۇ. ئىككى ئوت يېقىپ كۆرۈڭ، ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆچۈرە-لەمدۇ؟ يامانلىق ئوتىنى پەقەت ياخشىلىق ئۆچۈرىدۇ.

كىمكى يامانلىققا ئەيلىسە رىغبەت،
نەچچە تۇرلۇك يامان بالا كۆرگەي.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

باشقىلاردىن ئازار يېگەن كىشى ئۈچ خىل ئەھۋالدىن تاشقىرى بولمايدۇ. بىرىنچى، ئۇنىڭ يامانلىقى باراۋىرىدە ياخشىلىق قىلىدۇ. بۇ، ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ خىسلىتى. ئىككىنچى، ئۇ ياخشىلىق قىلمىسىمۇ يامانلىق ئويلىمايدۇ. بۇ، ھەققانىيەتچى كىشىلەرنىڭ خىسلىتى. ئۈچىنچى، يامانلىق باراۋىرىدە ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىدۇ. بۇ، ئەخلاقسىزلارنىڭ خىسلىتى. يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، قىلالمىسىمۇ ئەپۇ قىلىش گۈزەل خىسلەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

كىمكى ئىستەر خەلق ئارا بولماق ئامان،
ياخشىلىق قىلسۇن، پەقەت كۆرمەس زىيان.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن



ئۆتۈنۈش بىلەن ياردەم سورىغۇچىنىڭ ياردەمچىسى بولۇشتىن ئارتۇقراق ياخشىلىق يوق.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

سوقرات ھېكىم ئېيتىدۇ:

ئەگەر بىراۋنى ئۆزىڭىزگە دوست قىلماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى چۈشىنىڭ. بىرىنچىدىن ئۇ كىشى ياشلىق ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ ئىككىنچىدىن قېرىنداش ۋە تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن رازى بولغانمۇ؟ ئۈچىنچىدىن ئۇ ئادەم ياشلىق ۋاقتىدا گۈزەل مۇئامىلىسى بىلەن ھەممىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە جەلپ ئەتكەنمۇ ياكى ئەخلاقسىزلىق بىلەن ھەممىنى ئۆزىدىن بەزدۈرگەنمۇ؟ تۆتىنچىدىن بىراۋ ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمدىن مىننەتدار بولغانمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىق قىلغانمۇ؟ بەشىنچىدىن كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەنمۇ، ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەمدۇ ـ يوقمۇ؟

چىن، سەممىي دوستنى تاپماقلىق قىيىن،
گەر تاپساڭ سۈرمە قىل كۆزۈڭگە ئىزىن.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن



يۇنان دانىشمەنلىرىدىن ئەپلاتون ھېكىم ئېيتىدۇ:

ئەگەر دۈشمىنىڭ بىرەر ئىش توغرىسىدا سەندىن مەسلىھەت ئالماقچى بولۇپ يېنىڭغا كەلسە، ئۇنىڭغا توغرا ۋە ياخشى مەسلىھەت بەر، يامان مەسلىھەت بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭ-

لۇغگە كەلتۈرمە. ئۇنىڭ سەندىن مەسلىھەت سوراپ يېنىڭغا كې-لىشى سەن بىلەن دوست بولۇشنى خالىغانلىقى. ئىنسان لايىق بولغان خەيرخاھلىق شۇدۇر.

كىمكى بولسا خۇش چىرايۇ خۇش قىلىق،
دائىما كۆرگەي جاھاندا ياخشىلىق.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

قەدىمكى شائىرلاردىن ئەھمەد مۇتەنەببى ئېيتىدۇ:

سەن ئۆزۈڭ كۆرگەن نەرسىگىلا ئېتىبار قىل، ئاڭلىغان نەر-سىلىرىڭ چەتتە قالسۇن. ياخشىلىق ۋە ۋاپانى ئۆز ئەھلىڭدىن ئۈمىد قىل. بۇلۇت يوق يەردىن يامغۇر ئۈمىد قىلغۇچى كىشى ئالدىنىدۇ. دىلى بۇزۇق ئادەمنىڭ ھەرىكىتىمۇ بۇزۇق بولىدۇ، ئۆزى ئادەتلەنگەن نەرسىلىرىنى ئۆز دىتىغا قاراپ سۆزلەيدۇ. يارىماس، كېرەكسىز نەرسىلەردىن كۆڭۈل كۆزىنى يۇمىساڭ، باشتىكى كۆزۈڭنى يۇ-مۇشتىن پايدا يوق. بىر كىشى ئۆز دەرىجىسىنى بىلمىسە، باشقىلار ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويىدۇ. بىر ئادەمنى كەمسىتىشنى خالىساڭ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزۈڭنى پەرەز قىل. ئاۋۋال پىچاقنى ئۆزۈڭگە ئۇر، ئاغرىمىسا باشقىلارغا ئۇر.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئالىملاردىن ھەدداد ئېيتىدۇ:

تەشەككۈر —دوستىڭىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتۇر. تەشەككۈرنىڭ غايىسى ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ تونۇلغىنىنى، ئورۇنسىز كەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر.

ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئۇنىڭ ھىممىتىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ئېيتىپ تەشەككۈر بىلدۈر. ئەگەر ئۇنىڭغا تەشەككۈرۈڭنى بىلدۈرمىسەڭ، تۈز كور ھېسابلىنىسەن. سەن تەشەككۈر بىلەن دوستۇڭنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىن پايدىلانغانلىقىڭنى، ئۇنى تەقدىرلىمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىسەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناسىپ پۇرسەت كەلگەندە، سەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا غەيرەت قىل. دوستلۇقتىن ئەسلىي مەقسەت — پايدىلىنىش ۋە پايدىلاندۇرۇش، بۇنى ئۇنتۇما. دوستۇڭنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا، مۇكاپاتىغا يارىشا سەنمۇ ياخشىلىق قىل ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيت.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئابدۇلقاسىم دانىشمەن ئېيتىدۇ:

ياخشى ئادەم ئۆز ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىق قىلىدۇ. مەرد، ئالىيجاناب ئادەم ئۆز ئايالىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىدۇ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

سوقرات ھېكىم ئېيتىدۇ:

مەن دۈشمىنىم بولغان ئادەمگە ئاداۋەت قىلمايمەن. ئاداۋەت قىلسام دۈشمىنىمنىڭ دۈشمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مەن ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، دۈشمىنىمنىڭ ئاداۋىتىنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرىمەن، ئۇنى ئۆزۈمگە دوست قىلىمەن.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن ھۇشاڭ ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

ھەي ئوغلۇم، ئىككى يۈزلىمە، بەتنىيەت كىشىلەردىن ھەزەر قىل، ئۇلارنى يېنىڭغا يولاتما. چۈنكى، ئۇلار بىمەنە دەتالاش بىلەن دوستلۇق دەۋاسى قىلىدۇ. ياخشىلىق گۆھەرلىرىنى يامانلىق يىپىغا تىزىدۇ. دۇرۇس ئىشلارنى قەبىھ، يىرگىنچلىك لىباسقا ئوراپ، يامان شەكىلدە ساڭا كۆرسىتىدۇ.



بولمىغىن ساھىب غەرەزگە ئاشنا،
ئاقىۋەت شەنىڭگە يەتكۈزگەي جاپا.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

ھۈسەيىن ۋايىز كاشىفىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ تۆۋەندىكى 10 تۈرلۈك بەلگىسى بار دەيدۇ:

1. ياخشىلىق.

2. ئىنساپلىق بولۇش.

3. باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدىمەسلىك.

4. بىرەر كىشىدىن خاتالىق كۆرۈلسە ئۇنى توغرا يولغا باشلاش.

5. بىر ئادەم ئۆز ئەيىبىگە ئىقرار بولۇپ ئۆزرە سورىسا، ئۆزرىنى قوبۇل قىلىش.

6. باشقىلار ئۈچۈن مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئېلىش.

7. ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلىمەسلىك.

8. ئوچۇق يۈزلۈك، شىرىن سۆزلۈك بولۇش.

9. موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش.

10. مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇش.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن



ھۈسەيىن ۋايىز كاشىفىي ئېيتىدۇ:

ياخشىلىق قىلىش، گۈزەل مۇئامىلە بىر يولدۇركى، ئۇ يول بىلەن ماڭماي تۇرۇپ ئىززەت ۋە شەرەپ مەنزىلىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ يولغا قەدەم باسماي تۇرۇپ ۋۇجۇد يۈكىنى ھايۋانىيەت با-

ياۋىنىدىن ئىنسانىيەت دارىلمۇلكىگە يەتكۈزگىلى بولمايدۇ.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

نوشىرىۋان دانىشمەن ۋەزىرى بۇزۇرى جەمھۇردىن:
—مۇلايىم كىشىنىڭ بەلگىسى قايسى؟ — دەپ سورىدى.
—مۇلايىم كىشىدە ئۈچ بەلگە بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بۇزۇرى جەمھۇر، — بىرىنچىسى سۆرۈن تەلەت، قوپال سۆزلۈك كىشى ئۇنىڭغا قوپال سۆزلىسىمۇ ئۇ ياخشىلىق قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى قەھر - غەزىپى كەلگەندە چىشىنى چىشىغا باسىدۇ؛ ئۈچىنچىسى بىر كىشىدىن يامانلىق كۆرسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يەتكەن ھالەتتىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتىدۇ.
ياۋاشلىق چۇ يەتتى غەزەپ بولدى پەس، غەزەپكە چىداشلىق يەتتۇرمەس شىكەست.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئەبۇ ئەلا ئەل مەئەررى ئېيتىدۇ:
ئۆزۈڭگە ياخشىلىقنى، بەخت - سائادەتنى ئىستىسەڭ، ئىچىملىكنى تەرك قىل. چۈنكى، ئىچىملىك ئاد ۋە يەمەن قەبىلىلىرىدەك قۇدرەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىمۇ خاراب قىلغان.



«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

قەدىمكى ئۇمەييە خەلىپىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز باشقا بىر شەھەردىن كەلگەن كىشىدىن سورىدى:

—مېنىڭ ئەمەلدارلىرىم سىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟

—باش ئېقىنىنىڭ سۈيى سۈزۈك، پاكىز بولسا، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق ئېقىنلارنىڭ سۈيىمۇ سۈزۈك، پاكىز بولىدۇ.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئىسكەندەر رۇمىي بىر كۈنى ئۇستازى ئەرەستۇدىن:

—ھەي ئۇستاز، مەن بۈيۈك ئىشلارغا قەدەم قويدۇم. بۇ ئىش-لىرىم نەتىجىسىدە دوستلارنىمۇ، دۈشمەنلەرنىمۇ تاپتىم. ئۇلار بى-لەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشۇم كېرەك؟ - دەپ سورىدى.

—ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزۈڭگە دۈشمەننى كۆپەيتمە، — دېدى ئەرەستۇ ھېكىم جاۋاب بېرىپ، — بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا، ئۇنىڭغا مەرھەمەت نەزىرى بىلەن قارا، يېقىملىق بول. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دوستلىرىڭ قاتارىدىن جاي ئالىدۇ. دوست-لىرىڭنى شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن خۇشال قىل. ئۇلار سەندىن ئايرىلماي، سەممىي دوستلىرىڭدىن بولۇپ قالىدۇ. يالغانچى كى-شىدىن ۋاپا كۈتمە. توغرا سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق ۋە قاتتىق تېگىدۇ. ئادەم ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىدۇ. بىر ياخشىلىققا 10

ھەسسە ياخشىلىق قايتۇرىدۇ. كىمنىڭ ئەسلى پاك بولسا، ئۇ ئادەم ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

ھەي مەرد ئادەم، ئادەملىك قىل، ئالىي ھىممەتلىك، كەمتەر، ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك بول.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۆمەر ھەييام ئېيتىدۇ:

دوستقىمۇ، دۈشمەنگىمۇ ياخشىلىق قىلىش ياخشىدۇر. ياخشىلىق قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئادەم ھېچ ۋاقىت يامانلىق قىلمايدۇ. ئەگەر دوستۇڭغا يامانلىق قىلساڭ، ئۇ ساڭا دۈشمەن؛ دۈشمىنىڭگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ ساڭا دوست بولىدۇ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئالىم سەئىد ھەمەدانىي ئېيتىدۇ:

پالاكەتكە ئۇچراشنى خالىمىساڭ، ماختانچاق ۋە تەكەببۇر بولما؛ راھەتتە ياشاشنى خالىساڭ، دىلىڭنى ھېرىستىن پاكلا؛ خار ـ زارلىقنى خالىمىساڭ، تەمەگەر بولما؛ ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلىنىشنى خالىساڭ، ياخشىلىق قىل، ھېچكىمگە ئازار بەرمە، ياخشىلىقنى ئۇلۇغ ئىش دەپ بىل؛ قەدىر ـ قىممىتىڭنىڭ ئېشىشىنى خالىساڭ، ھىممەتلىك بول؛ ئىشىڭنىڭ پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىشىنى خالىمىساڭ، ئاۋۋال ياخشىراق ئويلاپ، دانا، تەج-

رىبىلىكلەر بىلەن كېڭىشىپ ئىشقا كىرىش؛ ئۆزۈڭنى ھەممىنىڭ ياقتۇرۇشىنى خالىساڭ، ھالال مېھنەت قىل، پىداكارانە ئىشلە؛ كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىگە، ياقتۇرۇشىغا ئىگە بولماقچى بولساڭ، يالغانچىلىق قىلما، چېقىمچى، ئىغۋاگەر بولما، بىمەنە، تۇيۇقسىز سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن ھەزەر قىل؛ مۇبادا ئوڭايسىز ھالدا قالساڭ، ئامىتىڭ كەلمەي، ئىشىڭ يۈرۈشمەي قايغۇ - ھەسرەت چەكسەڭ، داد - پەرياد قىلىپ يۈرمە، سەۋر قىل، ئوڭايسىز ھالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىل.

قىتئە

سەن قازا بىرلە قېرىشىپ يىغلىما، كۆپ يەتسە ئەلەم،
سېنىڭ مىڭ يىغلاغىنىڭ بىلەن قازانىڭ كارى يوق.
غەم - ئەلەمدىن قۇتۇلماقلىق چارىسىنى كۆرسەڭ ئەگەر،
تىنچ - راھەتتە ياشايسەن، رەنجۇ جاپانىڭ كارى يوق.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئالىم زىيائۇللا ئېيتىدۇ:
سائادەتمەن، دانا كىشىلەر خۇش پېئىللىقنى ئۆزىگە ئەبەدىي نىجاتلىق سەرمايىسى دەپ بىلىدۇ، پۈرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ،

ئۇنى غەنىيمەت بىلىدۇ؛ گۈزەل ئەخلاق — ئەدەپ بىلەن زىننەتلى-
نىدۇ، مال ـ دۇنيا يىغىشقا ھېرىس بولمايدۇ؛ ھېچكىمنىڭ كۆڭ-
لىگە ئازار بەرمەيدۇ. ئاجىز، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە غەمخورلۇق
قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلايدۇ؛ بىراۋنىڭ ئەيىبىنى
كۆرسە، ئاشكارا قىلمايدۇ، قىلغان ياخشىلىقى بىلەن ماختانمايدۇ؛
بىراۋدىن يامانلىق كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىدۇ، ئۇلۇغ
كىشىلەر، پەزىلەت ئەھلىنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلىدۇ؛ ئۆز مەنپەئىتىنى
كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، باشقىلارغا قوپال مۇئامىلىدە
بولمايدۇ؛ توغرا سۆزلەيدۇ، يالغانچىلىق كوچىسىغا قەدەم باسمايدۇ.

تەۋازۇلۇق بولۇپ تۇتقىن ئۆزۈڭ كەم،
دەرەخكىم مېۋىلىك بولسا بولۇر خەم

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئەرجاسپ ھېكىم ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان:
ئوغلۇم، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بول. ياخشىلىق قىل، يارد-
ماس، بۇزۇق يولغا ئەسلا قەدەم باسما، گۈزەل ئەخلاقىڭ بىلەن
ھەممىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىل. خوتۇن ـ بالىلى-
رىڭغا مېھرىبان بول، دوستلىرىڭغا غەمخورلۇق قىل. بۇ نەسىھەت-
لىرىمگە ئەمەل قىل. شۇنداق قىلساڭ، ھاياتىڭ خۇش ۋاقىت
ئۆتىدۇ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەممەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بىر كىشى دوست - بۇرادەرلىرى-
نى بېغىغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئەخلاقلىق بىر ئوغلى
بار ئىدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ خىزمىتى بىلەن قاتتىق چارچىدى،
ئاخشىمى ئۇخلاپ دەم ئېلىش ئۈچۈن بالىخانىغا چىقىۋىدى، ئۇ
يەردىن يىقىلىپ چۈشۈپ قازا قىلدى. ئاتا بىچارىنىڭ بۇ قايغۇدىن
يۈرەك - باغرى ئېزىلگەن ھالدا كۆزلىگە ياش ئېلىپ، ئوغلىغا كەل-
گەن بۇ كېلىشمەسلىكنى خوتۇنىغا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا جىمجىتلا
ئۇقتۇردى.

—ھېچقايسىڭلار ئۇنلۇك يىغلىماڭلار، ئوغلۇمنىڭ ۋاپات
بولغانلىقىنى مېھمانلار بىلمىسۇن، - دەپ تەكىتلىدى. مېھمانلارغا
سەزدۇرمەستىن، ئوغلىنى يۇيۇپ - تاراپ كېپەنلىتىپ قويدى، ئاندىن
مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. ئوغ-
لىنىڭ ۋاپاتىدىن مېھمانلار بىخەۋەر ئىدى. «ئوغلىڭىز قېنى؟ نې-
مىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟» دەپ سوراشتى.

بىچارە ئاتا: «ئوغلۇم خىزمەت قىلىپ چارچىغان بولسا كې-
رەك، ئۇخلاپ قاپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇ كۈنى كېچىسى مېھمانلار
باغدا تۈنىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ئۇلار كېتىشكە
رۇخسەت سورىدى. ئاتا كۆزلىگە ياش ئېلىپ:

—دوستلىرىم، كېچە ئوغلۇم بالىخانىدىن يىقىلىپ ۋاپات
بولدى. كەيپىڭلارنى بۇزماسلىق ئۈچۈن سىلەرگە خەۋەر قىلمىغان

ئىدىم. ئوغلۇمنىڭ جىنازىسىغا ئىشتىراك قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، ــــدېدى.

مېھمانلار بۇ پاجىئەدىن خەۋەردار بولۇپ ھەممىسى يىغلاشتى.

كى ھەركىم ئايان ئەتسە ياخشى قىلىق،
يېتەر ياخشىلىقتىن ئاڭا ياخشىلىق.
كىمكى قانائەتتىن ئېرۇر ھۆججەتى،
ياخشى ـ يامانغا يوق ئۇنىڭ ھاجەتى.
ئاسرا ئۆزۈڭنى بىراۋ ئازارىدىن،
كىمسەگە ئازاردەلىك ئىزھارىدىن.
نەفئىڭ ئەگەر خەلققە بىشەك دۇرۇر،
بىلكى بۇ نەفئە ئۆزۈڭگە كۆپرەك دۇرۇر.
ۋە گەر كىمسەدىن زاھىر ئولسا يامان،
كۆرەر ھەرنە كىم زاھىر ئېتدى ھامان.
يىگىتلىكتە يىغ ئىلىمنىڭ مەخزەن
قېرىلىق چاغى خەرج قىلغىن ئانى.



كىمكى بولسا خۇش چىرايۇ خۇش قىلىق،
دائىما كۆرگەي جاھاندا ياخشىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياخشىلىق تۇخىم سائادەتلەر بېرۇر،
گەر تىكەن تىكسەڭ ئاياغىڭغا كىرۇر.

شائىر ئەلمائى

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئالىم، پازىل ئەبۇ يەزىد ئېيتىدۇ:

ئەڭ ياخشى كىشىنىڭ ھەر ئىككى قولى توغرا بولىدۇ. ئۇ بىر قولى بىلەنلا ئەمەس، ئىككى قولى بىلەن ياخشىلىق قىلىدۇ.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئادەمنىڭ ئەڭ بەختلىك ۋاقتى — باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان ۋاقتىدۇر.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئاپىتى — «ياخشىلىق قىلدىم» دەپ ماختىنىپ يۈرۈشتۇر.



«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

سۈكۈت سالامەتلىكنى، ياخشىلىق ئىززەت - ئابرۇينى، سېخىيلىق ئۇلۇغلۇقنى كەلتۈرىدۇ.

مال - مۈلكۈڭ، مەرتىۋەڭدۇر بىقارار،

ياخشىلىق قىلغىنىڭنى، قالسۇن يادىكار.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ قوبۇل بولىدىغىنى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتۇر.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

بىمىننەت قىلىنغان ياخشىلىق — ئەڭ مەقبۇل ۋە گۈزەل ياخشىلىقتۇر.

قايسى سۆز گەر سادىر بولسا بىمەھەل،
يەتكەي ئۇنىڭدىن ئابرۇي ـ شەنىڭگە خەلەل.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

گۈزەل ئەخلاق باتۇردۇر، ياخشىلىق قورقماسلىقتۇر.

شېكسپىر

ياخشىلىق ھامان ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

سوپھوكلىس



ئەگەر بىز كاتتا ئادەم بولۇشقا ئىنتىزار بولغىنىمىزدەك، ئىزچىل ئۆزىمىزنى ياخشىلاشقا تىرىشىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ياخشى بولالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي كاتتا ئادەم بولالايمىز. قىممەتلىك ئادەم بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

فرانكلىن

ياخشى بولۇش يامان بولۇشتىن ئاقىلانىلىكتۇر. مۇلايىم بولۇش قوپال بولۇشتىن بىخەتەردۇر.

برۇۋىن

بىز بىلگىنىمىزدەك، دۇنيادا ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك ئايرىلمايدىغان قوشكېزەكلەردەك بىللە تەرەققىي قىلىدۇ.

جون ملتون

پەقەت ھەقىقىي كاتتا ئادەملا، ھەقىقىي ياخشى ئادەمدۇر

گېئورگى چافمان

ئادەمنىڭ ياخشىلىقى ياكى رەزىللىكى ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىدە بولىدۇ.

ئېپىكتىتۇس

مەن ياش ۋاقتىدا ئەقىللىق كىشىلەرگە ھەۋەس قىلاتتىم، ھازىر قېرىدىم، مېھرىبان كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىمەن.

ھچىل

ئاجىزنى يۆلەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى تۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ قوللاش كېرەك.

شېكىسىر

گۈزەللىك ياخشىلىق بىلەن ياشنايدۇ.

شېكىسپىر



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

گۈزەللىك باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت ياخشىلىقنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان شەكلى.

ئەپلاتون

مۇكەممەللىك ئىزدەش خۇشاللىق ۋە يورۇقلۇق ئىزدەشتۇر.

ئارنولد

ھايا، مۇرۇۋۋەت، ساداقەت، تەۋازۇ، ئەمگەك، سېخىيلىق، نومۇس، ئامانەتكە ساداقەت، ئادالەت، مۇلايىملىق ۋە شىجائەتتىن ئىبارەت 10 خىسلەت ئادەمگە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ. ھەسەت، ئاداۋەت، بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىق، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىش، خىيانەت، بىلىمسىزلىك ۋە ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت 10 يامانلىق ئادەمنى پالاكەتكە سۆرەيدۇ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

مۇھەممەدىن ئىبىن ئەرەبىي ئېيتىدۇ:

باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن، دۈشمەنلىك قىلىشتىن ساقلىنىش باشقىلارنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە ئاداۋەت يولىنى ئېتىدۇ. مەن ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىدىم، جەبىر ـ زۇلۇم ۋە ئاداۋەتتىن ساقلاندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچكىم ماڭا دۈشمەن بولمىدى.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىم جەئفەر سادىق ئېيتىدۇ:

تۆت ئىللەت، يەنى ئەخلاقسىزلىق، قاپىقى يامانلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە دىل ئازارلىق كىشىگە خارۇزارلىق كەلتۈرىدۇ.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

يامانلىق قىلغان كىشىدىن ئۆچ ئېلىش قولىدىن كەلسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقىنى كەچۈرۈش گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكىدۇر.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ئىلىم تەلەپ قىلىپ يۈرگەن (ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان) چاغلىرىڭدا يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ئۆزۈڭنى پاك ساقلا.
قابۇس

ئالدىراش،ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن يامان ئىش ياخشىلىققا ئۆزگەرمەيدۇ.
قابۇس



سۆزۈڭ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ياخشى ئىبارە بىلەن ئادا قىلمىساڭ، سۆزۈڭنىڭ مەززىسى بولمايدۇ.
قابۇس

ھەرقانداق ئادەم ئاتا ـ ئانىسى ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەم ياخشى-لىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يامان ئا-دەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

قابۇس

ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىل-ما، ياخشىلىقنى بىلمىگەن ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشىڭ شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى شورلۇق يەرگە كۆچەت تىككەنگە ئوخ-شايدۇ.

قابۇس

ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇن ۋە ئادەمگە ياخشىلى-قىڭنى ئايىما، ئەگەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قولۇڭدىن كەلمىسى-مۇ، يامانلىق قىلما.

قابۇس



خەلقنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىل. چۈنكى، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىلغان كىشى ياخشىلىقنى قىلغانغا ئوخشاش.

قابۇس

ئەگەر كىشىگە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، «مەن پالانى كى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

شىگە ئەجەب ياخشىلىق قىلغان ئىكەنمەن»دەپ ئېچىنما. كىشىگە خىيانەت قىلىشتىن ساقلان.

قابۇس

شۇنداق ھالەتلەر بولىدۇكى، بەزى يامانلىقنىڭ جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا يېتىپ كېلىدۇ، بەزى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىمۇ كېلىدۇ. ئەگەر كىشىگە خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ، سېنىڭ كۆڭلىڭگىمۇ شۇنداق زەخمەت ـ ئاغرىنىش كېلىدۇ. بەلكى سەن يەتكۈزگەن ئازار ـ زەخمەتتىن ساڭا ئېغىرراق يېتىدۇ.

قابۇس

خەلق قايغۇلۇق بولسا، سەنمۇ قايغۇلۇق بول، بىراۋ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن خۇشاللانسا، سەنمۇ خۇشال بولىسەن. مەلۇمكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلساڭ، جازا ۋە مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا كۆرىسەن، مۇبادا بۇ دۇنيادا كۆرمىسەڭ، ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىسەن. بۇ سۆزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەسلا بەدەلسىز قالمايدۇ.

قابۇس



خەلق كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن. يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلانغىن. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما، قارىماققا خەلققە ياخشى كۆرۈنۈپ، ئارقىدىن يامانلىق قىلما.

ئەگەر قارىماققا ياخشىلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، ئارقىدىن يامانلىق قىلساڭ مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

قابۇس

ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ ئادالەت(توغرىلىق، راستلىق)بىلەن قىل، زالىملىق قىلما، زالىملىق قىلساڭ ئۆزۈڭگە قايتىدۇ، قىلـمىشىڭغا بېقىپ جازا كۆرىسەن.

قابۇس

ئادەمنىڭ ئىككى ھالىتى بار، ھېچ ۋاقىت ئۇنىڭدىن خالىي بولمايدۇ. بىرى، خۇشاللىق، بىرى، قايغۇ. ئەگەر خۇشال بولساڭ ياكى قايغۇغا دۇچ كەلسەڭ، شۇنداق ئادەمگە ئېيتقىنكى، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن ئۇ خۇشال بولسۇن، قايغۇڭ بىلەن ئۇ قايغۇـلانسۇن.

قابۇس

بىر شەھەر ياكى بىر يېزىدا ئۇ شەھەر ـ يېزىنىڭ قېرى كىـشىلىرىگە ھۆرمەت قىل، چۈنكى ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ۋە دىنلار قېرى كىشىلەر بىلەن ھۆرمەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۆز خەلـقىڭنىڭ قېرى كىشىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىڭ زۆرۈر. قېرى كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم بولما. ئەگەر قېرى كىشىـلەردە بىرەر ئەيىب كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا كۆز سالما، ياخشىلىق تەرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى تارقىتىلىدۇ

پىگە كۆز سال. ئىلىم ـ ھېكمەت كۆزى بىلەن قارىساڭ ئاجايىپ ئىبرەتلەر ھاسىل قىلالايسەن.

قابۇس

بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىبلىمە. ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۈكۈر قىل.

قابۇس

دوستلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك ئاشىقلىقتۇر، ئۆزۈڭگە بىر كىشىنى دوست تۇتۇشنى ئىزدىسەڭ شۇنداق كىشىنى دوست تۇتقىنكى،ساڭا ھەر زامان خەيرخاھ بولسۇن، ياخشىلىق قىلسۇن، مۇنداق كىشىگە دوستلۇق قىلساڭ بولىدۇ.

قابۇس

قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىشقا سازاۋەر ئادەملەردىن ئايىما.

قابۇس



خەلق بۇيرۇغان ياخشى ئىشقا قارشىلىق كۆرسەتمە،ئالەمدە نامىڭ ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. ياخشى ئىش قىلمىغان ئادەمنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ. قانائەتچان بولغان،-خەلققە يۈك بولمىغان،يەنى خەلققە ئېھتىياجىنى چۈشۈرمىگەن ئا-

دەم خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارلىق بولىدۇ،سۆزى ھەممىگە مەقبۇل بو-
لىدۇ،ھەرقانچە باي بولسىمۇ قانائەتسىز كىشىنىڭ ئەتىۋارى بول-
مايدۇ،ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئادەم گاداي ھېسابلىنىدۇ، سۆزى مەقبۇل
بولمايدۇ.

قابۇس

ياخشى دوستنىڭ ئالامىتى شۇكى، دوستىدىن بىرنەرسىنى
ئايىمايدۇ. دوستىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق
كۆرمىسىمۇ يۈز ئۆرىمەيدۇ. دوستى ۋاپات بولغاندا،دوستىنىڭ ئەۋ-
لادىغا، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىدۇ.قەبرىسىگە بېرىپ خۇدادىن
مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ، دوستىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ.

قابۇس

تۇزەلمەس يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش — ياخشىلىقنى زايە
قىلىشتۇر.

قابۇس

ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلى-
شىڭگە، تەربىيىلىنىشىڭگە سەۋەبچى بولغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى
ھۆرمەتلەپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلمىساڭ، ياخشى پەرزەنت ۋە
ياخشى ئادەم بولمىغان بولىسەن.

قابۇس

دائىم ئۆزۈڭگە نەسىھەت قىل، ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتقىن. ئۆ-

زۇڭنى تۇزۇك تۇتۇش شۇكى، ئۆزۈڭ ئۆگىنەلەيدىغان ئىشقا ئەقىلىڭنى، ئىلمىڭنى سەرپ قىلغىن. زۆرۈر نەرسىنى ئۆگىنەلمىگەن ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دېمە، ھېچقانداق ۋاقتىڭنى بوش-بىكار ئۆتكۈزمە. ئەگەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە بىر ھۈنەرۋەن ئادەم تاپالمىساڭ، يەنە بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ قىلغان يارىماس ئىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات قىل، ھۈنەرۋەن بولىسەن.

قابۇس

تۆھمەت ئېھتىمالى بولغان يەردە ئولتۇرما، يامان يولدا يۈرگەن كىشىگە ھەمراھ بولما،چۈنكى ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ، يامانىنىڭ كاساپىتى تېگىدۇ. خۇش تەبىئەتلىك ئىكەنسەن، خۇش تەبىئىتىڭنى ھېچقاچان ئۆزگەرتمە.

قابۇس

ياخشىمۇ، يامانمۇ ئاقىۋەت ئۆلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلار سائادەت تاپىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

**مەجمۇئە ئىسمى:** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى:** ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ)
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى:** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى:** 51 مىڭ خەت
**نەشرى:** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—80744—421—3
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)